# رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تۇرسا باشلىغاندا تەكبىر ئېيتاتتى، رۇكۇ قىلغاندا تەكبىر ئېيتاتتى، دۇمبىسىنى رۇكۇدىن كۆتەرگەن چاغدا « سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە» دەپ ئۆرە تۇراتتى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تۇرسا باشلىغاندا تەكبىر ئېيتاتتى، رۇكۇ قىلغاندا تەكبىر ئېيتاتتى، دۇمبىسىنى رۇكۇدىن كۆتەرگەن چاغدا « سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە» دەپ ئۆرە تۇراتتى، ئاندىن ئۆرە تۇرۇپ «رەببەنا لەكەلھەمدۇ» دەيتى. سەجدىگە چۈشكەندە تەكبىر ئېيتاتتى، سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە تەكبىر ئېيتاتتى، ئىككىنچى سەجدىگە چۈشكەندە تەكبىر ئېيتاتتى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرگەندە تەكبىر ئېيتاتتى، ئاندىن پۈتۈن نامىزى تۈگىگەنگە قەدەر شۇنداق قىلاتتى. ئىككىنچى رەكئەتتە ئولتۇرۇپ قوپقاندىمۇ تەكبىر ئېيتاتتى. ئاندىن ئەبۇ ھۇرەيرە: مەن سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى نامىزى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسللەمنىڭ نامىزىغا ئەڭ ئوخشايدىغان كىشى، دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ناماز دېمەك سۆز ۋە ھەركەتلىرىمىز ئارقىلىق ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش، بۇ ھەدىستە نامازنىڭ شۇئارىنى بايان قىلغان، ئۇ بولسىمۇ بۈيۈكلۈك، كاتتىلىقنىڭ ئاللاھ تائالاغا خاس ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش. شۇئارى ۋە تەبىئىتى بۇ بولغان بىر ئىبادەت پەقەتلا ئاللاھ تائالانى ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتلەش ئۈچۈن بولغان بولىدۇ. باشلاشتىلا تەكبىر بىلەن تىك ۋە رۇس تۇرغان ھالدا باشلايدۇ، سۈرە ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تەكبىر بىلەن رۇكۇغا چۈشىدۇ، رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە « سەمىئەللاھۇ لىمەن ھەمىدە» دەپ تىك تۇرىدۇ، ئاندىن شۇ ھالدا ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ئوقۇيدۇ، سەجدە قىلغاندا يەنە تەكبىر بىلەن قىلىدۇ، سەجدىدىن تۇرغاندىمۇ تەكبىر بىلەن تۇرىدۇ، نامىزىنىڭ قالغىنىدا تۈگىگەنگە قەدەر شۇنىڭغا ئوخشاش قىلىدۇ، ئىككى تەشەھھۇدلۇق نامازدا بىرىنچى تەشەھھۇدتىن تۇرغاندا تەكبىر بىلەن تۇرىدۇ، شەرىئەت رۇكۇدىن تۇرۇشتىن باشقا ۋاقىتتىكى ھەر بىر ھەركەتتە تەكبىر ئېيتىشقا بۇيرىدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3105

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee